### كۆپ دۆلەتنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق ئەلچىلىرى شىنجاڭدا ئېكسكۇرسىيە، زىيارەتتە بولدى:

# جۇڭگونىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش تەجرىبىلىرى ئۆگىنىشكە، ئۆرنەك قىلىشقا ئەرزىيدۇ

□شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرى سۈن شاۋشيۇڭ

8 - ئاينىڭ 19 - كۈندىن 21 - كۈنىگىچە، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، لائوس، كامبودژا، فىلىپپىن، نېپال، سىرى لانكا، بەھرەين، نىگېرىيەدىن ئىبارەت يەتتە دۆلەتنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىلىرى ھەم ئەلچىلەر ۋەكىللىرى شىنجاڭغا كېلىپ ئېكسكۇرسىيە، زىيارەتتە بولۇپ، ئىلگىرى - كېيىن ئۈرۈمچى، تۇرپاندا شۇ جاينىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىيات مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى تەكشۈردى. ئەلچىلەر جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈش ۋە خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاش، پۇقرالارنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكىنى كاپالەتلەندۈرۈش، قانۇن بويىچە تېررورىزمغا زەربە بېرىش ۋە ئۇنىڭ ئالدىنى ئېلىش قاتارلىق جەھەتلەردە ئىشلىگەن خىزمەتلىرىگە ئىجابىي باھا بېرىپ، شىنجاڭنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك تەجرىبىلىرى ئۆگىنىشكە، ئۆرنەك قىلىشقا ئەرزىيدۇ، دەپ قارىدى.

## ■جۇڭگونىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش كۈرىشى نەتىجىلىرىگە ئىجابىي باھا بېرىش

شىنجاڭ جۇڭگونىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش كۈرىشىدىكى ئاساسىي جەڭ مەيدانى. بىر مەزگىلدىن بۇيان، چېگرا ئىچى - سىرتىدىكى «ئۈچ خىل كۈچ» (مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەر، دىنىي ئەسەبىي كۈچلەر، زوراۋانلىق، تېررورلۇق كۈچلىرى) شىنجاڭدا نەچچە مىڭ قېتىملىق زوراۋانلىق، تېررورلۇق ۋەقەلىرىنى پىلانلاپ ھەم تەشكىللەپ يولغا قويۇپ، شۇ جاينىڭ تىنچ، ئىناق تەرتىپى، ئىنتىپاقلىشىپ تەرەققىي قىلىۋاتقان مۇھىتىغا ئېغىر بۇزغۇنچىلىق قىلىپلا قالماي، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ھاياتلىق ھوقۇقى، ساغلاملىق ھوقۇقى، مال - مۈلۈك ھوقۇقى ۋە تەرەققىيات ھوقۇقى قاتارلىق ئاساسىي كىشىلىك ھوقۇقىنى خالىغانچە دەپسەندە قىلىپ، شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىغا تەسىر يەتكۈزىدىغان ئەڭ بىۋاستە، ئەڭ رېئال تەھدىتكە ئايلاندى.

شىنجاڭ خەلقئارا يىغىن - كۆرگەزمە مەركىزىدە شىنجاڭدىكى نۇقتىلىق زوراۋانلىق، تېررورلۇق دېلو مىساللىرى كۆرگەزمىسىنى كۆرگەندىن كېيىن، نىگېرىيەنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى بابا ئەھمەد جىددە ئويغا چۆمگەن ھالدا مۇنداق دېدى: «نىگېرىيە كۆپ يىللاردىن بۇيان تېررورىزمنىڭ زىيىنىغا چوڭقۇر ئۇچرىدى، پارتلىتىش، ھۇجۇم قىلىش، ئوت قويۇش تا ھازىرغىچە يەنىلا كۈندە يۈزبېرىۋاتىدۇ، تېررورىزم ۋە ئەسەبىزم ئىنسانىيەت مەدەنىيلىكىنىڭ ئورتاق دۈشمىنى، جەمئىيەتنىڭ تىنچلىقى، مۇقىملىقىنى قوغداش ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ ئورتاق ئارزۇسى، ھەرقايسى دۆلەتلەر قول تۇتۇشۇپ تېررورىزمنىڭ تەھدىتىگە ئورتاق زەربە بېرىشى ۋە ئۇنى تۈگىتىشى كېرەك».

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، شىنجاڭ ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ تۈپ مەنپەئىتىنى كاپالەتلەندۈرۈشنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇپ، قانۇن بويىچە زوراۋانلىق، تېررورلۇق جىنايەتلىرىگە قاتتىق زەربە بېرىش بىلەن بىللە، ئالدىنى ئېلىش خاراكتېرلىك تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ۋە ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىشتە مەنبەدىن تۈزەشنى قانات يايدۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىپ، زوراۋانلىق، تېررورلۇق ھەرىكەتلىرىنى يۈزبېرىشتىن بۇرۇن تۈگىتىپ، تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش كۈرىشىنىڭ مۇھىم، باسقۇچ خاراكتېرلىك غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈردى.

زوراۋانلىق، تېررورلۇق ھەرىكەتلىرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ، نىگېرىيەدىكى مىڭلىغان - تۈمەنلىگەن خەلق سەرگەردان بولۇپ، يۇرت - ماكانىدىن ئايرىلدى، مەكتەپ، دوختۇرخانا، بەزى شەھەرلەرنىڭ ئۇل ئەسلىھەلىرى قاتارلىقلار بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى، باش ئەلچى بابا ئەھمەد جىددە مۇنداق دېدى: «جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ تېررورىزمغا قارىتا قوللانغان ئالدىنى ئېلىش خاراكتېرلىك تەدبىرى ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشىپتۇ، يېقىنقى ئۈچ يىلدا زوراۋانلىق، تېررورلۇق ۋەقەسى يۈزبەرمەپتۇ، بۇ بىز ئۈچۈن ئېيتقاندا بىر مۇھىم ھەم ئۆرنەكلىك ئەھمىيەتكە ئىگە ئۇچۇر، ئىككى دۆلەتنىڭ كەلگۈسىدە تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ساھەسىدىكى ئالاقە ۋە ھەمكارلىقنى كۈچەيتىپ، ئۆزئارا يار - يۆلەك بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن».

## ■شىنجاڭ كەسپىي ماھارەت تەلىم - تەربىيە مەركىزىنىڭ ئەھۋالىنى نەق مەيداندا ئىگىلەش

تېررورىزم، دىنىي ئەسەبىزمنى مەنبەدىن يوقىتىش ئۈچۈن، شىنجاڭ ھادىسىنىمۇ، ماھىيىتىنىمۇ تۈزەش، زەربە بېرىش بىلەن ئالدىنى ئېلىشنى بىرلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، قانۇن بويىچە كەسپىي ماھارەت تەلىم - تەربىيە مەركىزى تەسىس قىلىش ئارقىلىق كەسپىي ماھارەت تەلىم - تەربىيە خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇپ، تېررورلۇق ھەرىكەتلىرى كۆپ يۈزبېرىش، ئۆزلۈكسىز يۈزبېرىش ۋەزىيىتىنى ئۈنۈملۈك تورۇسدى. بىرنەچچە كۈن ئىلگىرى جۇڭگو ھۆكۈمىتى «شىنجاڭدىكى كەسپىي ماھارەت تەلىم - تەربىيە خىزمىتى» ناملىق ئاق تاشلىق كىتابىنى ئېلان قىلىپ، ئومۇميۈزلۈك، ئوبيېكتىپ ھالدا شىنجاڭدىكى كەسپىي ماھارەت تەلىم - تەربىيە خىزمىتىنى تونۇشتۇردى. ھالبۇكى، بەزى غەرب تاراتقۇلىرى ئاق - قارىنى ئاستىن - ئۈستۈن قىلىپ، پاكىتنى بۇرمىلاپ، ئاتالمىش دىن، كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسىدىن پايدىلىنىپ، شىنجاڭنىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، مۇقىملىقنى قوغداش تەدبىرلىرىگە تۆھمەت قىلدى، ئەيىبلىدى.

بۇ قېتىمقى پائالىيەتتە، ئەلچىلەر تۇرپان شەھەرلىك كەسپىي ماھارەت تەلىم - تەربىيە مەركىزىگە بېرىپ، تەربىيەلەنگۈچىلەرنىڭ دەرسنى سىرتتىن ئاڭلىدى، تەربىيەلەنگۈچىلەرنىڭ مەدەنىيەت - تەنتەربىيە پائالىيەتلىرىنى كۆردى ھەم نۇرغۇن ئوقۇتقۇچى، تەربىيەلەنگۈچىدىن دەرسلەرنىڭ تەسىس قىلىنىشى، تەربىيەلەنگۈچىلەرنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن جەم بولۇشى، ياتاق - تاماق ۋە داۋالىنىش كاپالىتى قاتارلىق ئەھۋاللارنى سورىدى. يېقىن ئارىلىقتا ئۇچرىشىپ ئۆزئارا پىكىر ئالماشتۇرۇش ئارقىلىق، ئەلچىلەر مۇنۇلارنى بىلدۈردى: كۆرگەنلىرىمىز راست، بۇ قېتىمقى زىيارەت بىزنىڭ شىنجاڭنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىغا بولغان چۈشەنچىمىزنى چوڭقۇرلاشتۇردى، غەرب تاراتقۇلىرىدا كۆرگەنلىرىمىزگە پۈتۈنلەي ئوخشىمايدىكەن. بۇ يەردىكى تەربىيەلەنگۈچىلەر ناھايىتى خۇشال، ناھايىتى ئازادە بولۇپ، كەلگۈسى تۇرمۇشىدىن تولۇق ئۈمىدۋار ئىكەن.

«تەلىم - تەربىيە مەركىزى ھەرگىزمۇ ئاتالمىش ‹جازا لاگېرى› ئەمەس، بەلكى كىشىلەرنىڭ ئەسەبىي ئىدىيەنىڭ تەسىرىنى تۈگىتىپ، كەسپىي ماھارەت ئۆگىنىشكە ياردەم بېرىدىغان مەكتەپ ئىكەن.» نېپالنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى لىرا مانى بودېل مۇنداق دېدى: مەن ھەربىر تەربىيەلەنگۈچىنىڭ ناھايىتى خۇشال ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋاتىمەن، ئۇلار بۇ يەردە قانۇن - نىزام، دۆلەت ئورتاق تىل - يېزىقىنى ئۆگىنىپلا قالماي، يەنە كەسپىي ماھارەت ئۆگىنەلەيدىكەن، «ئىشىنىمەنكى، ئۇلار تەربىيەلىنىشنى تاماملىغاندىن كېيىن جەمئىيەتكە تېخىمۇ ياخشى ماسلىشىپ، ئىشقا ئورۇنلىشىش بازىرىدىكى كۈچلۈك رىقابەتچىگە ئايلىنالايدۇ».

سىرى لانكىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى كودىتۇۋاكۇ مۇنداق قارىدى: «تەلىم - تەربىيە مەركىزى بىر سۇپا بىلەن تەمىنلەپتۇ، تەلىم - تەربىيە ئارقىلىق ئەسەبىزمنى تۈگىتىش تەربىيەلەنگۈچىلەرنىڭ ھەتتا پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقى ۋە تەرەققىياتىغا پايدىلىق، بۇ خىل تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ئۈلگىسى نۇرغۇن دۆلەتنىڭ ئۆگىنىشىگە، ئۆرنەك قىلىشىغا ئەرزىيدۇ».

## ■سىرتقى دۇنياغا شىنجاڭنىڭ ھەقىقىي گۈزەللىكى، ئىنتىپاقلىقى، ئىناقلىقىنى نامايان قىلىش

شىنجاڭدا ئېكسكۇرسىيە، زىيارەتتە بولغان مەزگىلدە، ئەلچىلەر يەنە شىنجاڭ ئىسلام دىنى شۆيۈەنى، تۇرپان شەھەردىكى قازىخان مەسچىتىگە بېرىپ ئېكسكۇرسىيە قىلدى ھەم شىنجاڭ ئىسلام دىنى شۆيۈەنىنىڭ مۇدىرى، مەسچىتلەردىكى دىنىي خادىملاردىن دىنىي خادىملارنىڭ تەربىيەلىنىشى، دىنىي پائالىيەتلەرنىڭ قانات يايدۇرۇلۇشى، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغانلارنىڭ سانى ۋە مەسچىت قۇرۇلۇشى، قوغدىلىشى قاتارلىق جەھەتلەردىكى مەسىلىلەرنى سورىدى.

كامبودژانىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق ئەلچىخانىسىنىڭ بىرىنچى دەرىجىلىك كاتىپى نى كېيپونخا مۇنداق دېدى: «مېنىڭچە، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى ھوقۇقى شىنجاڭدا تولۇق ھۆرمەتكە ئېرىشىپتۇ، قانۇنلۇق دىنىي ئېھتىياجى ئۆزلۈكسىز قاندۇرۇلۇپتۇ، ھۆكۈمەت نورمال دىنىي پائالىيەتلەرنى قوللاپتۇ ۋە ئۇنىڭغا قولايلىق يارىتىپ بېرىپتۇ، جۇڭگودىكى دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغانلارنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى كاپالەتلەندۈرۈلۈپتۇ».

ئەلچىلەر ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ شىنجاڭ خەلقئارا چوڭ بازار، ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ تيانشان رايونى گۈيۈەن كوچىسى مەھەللىسى ۋە نەنخۇ شەھەر ئاھالىلىرى مەيدانى، تۇرپان شەھىرىدىكى بۈيلۈق ۋە كارىز كىچىك بازىرى قاتارلىق جايلارغا بېرىپ، شۇ جايدىكى ئاھالىلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش، يېڭى يېزا قۇرۇلۇشى، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئالماشتۇرۇش، ئالاقىلىشىش، يۇغۇرۇلۇش، ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرىنىڭ ئاممىغا مۇلازىمەت قىلىش ئەھۋالىنى ئىگىلىدى، غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت ۋارىسلىرىنىڭ ناخشا - ئۇسسۇلى، چالغۇ - ئەسۋابلار بىلەن ئورۇنلىغان نومۇرلىرىنى كۆردى، شىنجاڭنىڭ تەبىئىي مەنزىرىسى، ئۆرپ - ئادىتى ۋە كۆپ مەنبەلىك مەدەنىيىتىنى ھېس قىلدى.

2019 - يىلىنىڭ ئالدىنقى يېرىم يىلىدا، شىنجاڭنىڭ ساياھەتچىلىكىدە شىددەت بىلەن ئېشىش نامايان بولدى، جەمئىي كۈتۈۋېلىنغان ساياھەتچى 75 مىليون 893 مىڭ 500 ئادەم قېتىم بولۇپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 46% ئاشتى، ئىشقا ئاشۇرۇلغان ساياھەت كىرىمى 115 مىليارد 206 مىليون يۈەن بولۇپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 47.96% ئاشتى.

ساياھەتچىلىكنىڭ قىزىپ كېتىشىنىڭ ناھايىتى زور بىر قىسمى شىنجاڭنىڭ سىجىل بولغان مۇقىم تەرەققىياتىدىن كەلگەن. بەھرەيننىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى ئەنۋەر ئەلى ئابدۇللا مۇنداق دېدى: «بىر ئاينىڭ ئالدىدا، بەھرەيننى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىسلام ھەمكارلىق تەشكىلاتىغا ئەزا كۆپ دۆلەت بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى كىشىلىك ھوقۇق كېڭىشىگە خەت تاپشۇرۇپ، جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ۋە ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىشتە كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقىنى قوللاپ، جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭدا كىشىلىك ھوقۇقنى ھۆرمەتلەش ۋە قوغداش ئىرادىسى ۋە ھەرىكىتىنى تەرىپلىگەن، بۇ قېتىمقى پائالىيەت ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، مەن كۆرگەنلىرىمنى بارىچە سىرتقى دۇنياغا توغرا ساداغا يەتكۈزۈپ، كۆپچىلىككە شىنجاڭنىڭ ھەقىقىي گۈزەللىكى، ئىنتىپاقلىقى، ئىناقلىقىنى نامايان قىلىمەن».

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، ئۈرۈمچى، 8 - ئاينىڭ 23 - كۈنى تېلېگراممىسى)**

# مەملىكەتلىك ئورمان، ئوتلاق، مايسا خىزمىتى يىغىنى ئاپتونوم رايونىمىزدا ئېچىلدى

مۇخبىرىمىز **ليۇ دوڭلېي** خەۋەر قىلىدۇ: 8 - ئاينىڭ 23 - كۈنى، مەملىكەتلىك ئورمان، ئوتلاق، مايسا خىزمىتى يىغىنى سانجى شەھىرىدە ئېچىلدى. يىغىندا مۇنداق ئوتتۇرىغا قويۇلدى: تەرەققىيات سۈپىتى ۋە ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈشنى مەركەز قىلىپ، تەمىنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھاتىنى ئالغا سىلجىتىشنى ئاساسىي لىنىيە قىلىپ، مايسا ئىشلىتىشنى ئەلالاشتۇرۇش، ئۇرۇق ئىشلەپچىقىرىشنى بازارلاشتۇرۇش، كۆچەت بىلەن تەمىنلەشنى بازارلاشتۇرۇش، مايسا باشقۇرۇشنى قانۇنلاشتۇرۇشنى ئومۇمىي نىشان قىلىپ، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئورمان، ئوتلاق، مايسا ئىشلىرىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش كېرەك.

دۆلەت ئورمانچىلىق ۋە ئوتلاق ئىدارىسى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى، ئىدارە باشلىقى جاڭ جيەنلۇڭ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئەركىن تۇنىياز يىغىنغا قاتناشتى ھەم تەبرىك سۆزى قىلدى.

جاڭ جيەنلۇڭ يېقىنقى يىللاردىن بۇيان شىنجاڭنىڭ ئورمان، ئوتلاق، مايسا خىزمىتىدە قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرىنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈردى، ئۇ مۇنداق دېدى: شىنجاڭ مەملىكەت بويىچە ئالدى بىلەن ئۆلكە دەرىجىلىك سورتلۇق ئۇرۇق تولۇقلىما تۈزۈمىنى ئورنىتىپ، يېڭىدىن ئورمان بىنا قىلىشتا سورتلۇق ئۇرۇق ئىشلىتىش نىسبىتىنى 88.6%كە يەتكۈزدى؛ قۇتۇبى دۆلەت دەرىجىلىك مايسا سودا بازىرىنى بەرپا قىلىپ، مايسا، گۈل - گىياھ كەسپىنىڭ سىجىل، ساغلام تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى؛ ئاپتونوم رايون بويىچە دەل - دەرەخ ئۇرۇق پىلازمىسى بايلىقىنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈشنى تاماملاپ، ئۇرۇق پىلازمىسى بايلىقىنى ئەسلىھەلىك ساقلاش ئامبىرى قۇرۇپ، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئەسلىھەلىك ئامبار قۇرۇلۇشى ئۈچۈن قىممەتلىك تەجرىبە توپلىدى.

ئەركىن تۇنىياز ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە ھۆكۈمەتكە ۋاكالىتەن دۆلەت ئورمانچىلىق ۋە ئوتلاق ئىدارىسىنىڭ شىنجاڭنىڭ خىزمىتىگە يۈكسەك ئەھمىيەت بەرگەنلىكى ۋە زور كۈچ بىلەن قوللىغانلىقىغا رەھمەت ئېيتتى. ئۇ شىنجاڭنىڭ جەمئىيەت چوڭ ۋەزىيىتىنىڭ ئىناقلىقى، مۇقىملىقى، ئىقتىسادنىڭ تەكشى، ساغلام تەرەققىي قىلىۋاتقانلىقى، خەلق تۇرمۇشىنىڭ داۋاملىق ياخشىلىنىۋاتقانلىقى، تۈرلۈك ئىشلارنىڭ ئومۇميۈزلۈك ئالغا بېسىۋاتقانلىقىدەك ياخشى ۋەزىيىتىنى، ھەمدە شىنجاڭنىڭ ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى ئاسراش، ئورمان، ئوتلاق كەسپىنىڭ تەرەققىياتى، ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى قۇرۇلۇشىدا قولغا كەلتۈرگەن كۆرۈنەرلىك نەتىجە - ئۈنۈمنى تونۇشتۇردى ھەم بۇ قېتىمقى يىغىننىڭ ئېچىلىشى شىنجاڭنىڭ ئورمان، ئوتلاق، مايسا ئىشلىرىغا جەزمەن يېڭى تەرەققىيات پۇرسىتى ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

### ئاپتونوم رايون بويىچە ئەرزىيەت خىزمىتى يىغىنى ئېچىلدى

# ئەرزىيەت خىزمىتىنىڭ يەنە يېڭى پەللىگە كۆتۈرۈلۈشىگە تۈرتكە بولۇش كېرەك

مۇخبىرىمىز **جاڭ يۈنپې** خەۋەر قىلىدۇ: 8 - ئاينىڭ 23 - كۈنى، ئاپتونوم رايون بويىچە ئەرزىيەت خىزمىتى يىغىنى ئېچىلدى. يىغىندا شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ ئەرزىيەت خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم بايانىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، دىققەتنى يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرى، بولۇپمۇ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىغا مەركەزلەشتۈرۈپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرمىسى بويىچە، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ تەلىپىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، پۈتۈن كۈچ بىلەن ئەرزىيەت خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، ئىناق، مۇقىم ئىجتىمائىي مۇھىت يارىتىش تەلەپ قىلىندى.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، سىياسىي - قانۇن كومىتېتىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ جۈنجېڭ يىغىنغا قاتناشتى ھەم سۆز قىلدى.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلار سىياسىي يۈكسەكلىكنى ئۆستۈرۈپ، مۇھىم ۋەزىپە - مەسئۇلىيىتىنى ھەقىقىي ياخشى ئادا قىلىپ، ئەرزىيەت خىزمىتىنىڭ سۈپىتى ۋە سەۋىيەسىنى ئۆزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، تەخىرسىزلىك تۇيغۇسىنى كۈچەيتىپ، ئەرزىيەت خىزمىتىنىڭ يەنە يېڭى پەللىگە كۆتۈرۈلۈشىگە تۈرتكە بولۇپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنىڭ ئەمەلىيلىشىپ يىلتىز تارتىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ خىزمەت تەلىپىنىڭ پۇختا، ئىنچىكە ئەمەلىيلىشىشىگە تۈرتكە بولۇشى كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇش ئارقىلىق، خىزمەتلەرنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى قاتتىق تۇتۇش كېرەك. مەنبەدىن زىددىيەت، مەسىلىلەرنىڭ يۈزبېرىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىپ ۋە ئۇنى ئازايتىپ، ئەرز، زىددىيەتلەرنى ھەل قىلىش ئۆتكەللىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنى پۈتۈن كۈچ بىلەن ياخشى قىلىپ، ئەرزىيەت يوللىرىنى يەنىمۇ راۋانلاشتۇرۇپ ۋە كېڭەيتىپ، ئاماما «ئەڭ كۆپ بولغاندا بىرلا قېتىم ئەرز قىلىش» ئۇسۇلىنى يولغا قويۇپ، زىددىيەت، ماجىرالارنى ۋاقتىدا، شۇ جايدا ھەل قىلىپ، ئاممىنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق - مەنپەئىتىنى قوغداش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەلەپ قىلىندى: تەشكىلىي رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، خىزمەتتە بىرىكمە كۈچ شەكىللەندۈرۈپ، مەسئۇلىيەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئەڭ پۇختا ئىستىل بىلەن گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى تۈزەپ، ئەڭ زور سالماق بىلەن زىددىيەتنى ھەل قىلىشنى ئالغا سىلجىتىپ، ئەلا نەتىجىلەر بىلەن جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەش كېرەك.

(بېشى 1 - بەتتە)

دىققەتنى داۋالىنىش سۇغۇرتىسى فوندىنىڭ بىخەتەرلىكى، دورا ئىشلىتىش يۈكى ئېغىر بولۇش، مۇلازىمەت قولايلىق بولماسلىق قاتارلىق ئاممىنىڭ ئىنكاسى كۈچلۈك بولغان مەسىلىلەرگە مەركەزلەشتۈرۈپ، داۋالاش - سەھىيە ساھەسىدىكى مەخسۇس تۈزەش خىزمىتىنى پائال ئالغا سىلجىتىپ، ھەر مىللەت ئاممىنى كېسەل كۆرسىتىش، داۋالىنىش جەريانىدا تېخىمۇ بىۋاستە، تېخىمۇ ئەمەلىي ئېرىشىش تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسىغا ئىگە قىلدى.

8 - ئاينىڭ 20 - كۈنى، قەشقەر شەھىرى ئاھالىسى رەنا(ئۆزگەرتىلگەن ئىسمى)دا تۇرۇپ - تۇرۇپ يۆتىلىش، بەلغەم تۈكۈرۈش، ئىششىش، قىزىش قاتارلىق كېسەل ئالامەتلىرى كۆرۈلۈپ، قەشقەر ۋىلايەتلىك 1 - خەلق دوختۇرخانىسىغا كېلىپ داۋالاندى، دوختۇر ئۇنىڭغا تۇبېركۇليوزدىن يۇقۇملىنىش T ھۈجەيرىسىنى تەكشۈرتۈش تەكلىپىنى بەردى. «بۇنداق تەكشۈرتۈشنى ئىلگىرى ئەتراپىمدىكى بىرەيلەن قىلدۇرغان بولۇپ، خېلى كۆپ چىقىم قىلغانىدى، دوختۇر ماڭا ھازىر 100% ئاتچوت قىلىنىدىغانلىقىنى ئېيتتى.» رەنا كېسەللىنى داۋالىتىپ ساقايتىشقا تولۇق ئىشەنچ باغلىدى.

باش تېما تەربىيەسىدە، ئاپتونوم رايونلۇق داۋالاش كاپالەتتە ئىدارىسى «ئىككىدىن غەم قىلدۇرماسلىق، ئۈچتە كاپالەتلەندۈرۈش»نى چىڭ ئىگىلەپ، تۇبېركۇليوز كېسەلىگە دىياگنوز قويۇش، داۋالاش تۈرىنى بىرمۇبىر دەللەپ، چىقىمنى ھېسابلاپ چىقتى. تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئاساسىدا، ئاپتونوم رايونلۇق سەھىيە - ساغلاملىق كومىتېتى بىلەن داۋالاش كاپالەتتە ئىدارىسى بىرلىكتە ئۇقتۇرۇش تارقىتىپ، تۇبېركۇليوز بىلەن يۇقۇملىنىش T ھۈجەيرىسىنى تەكشۈرتۈشنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئون تۈرلۈك تۇبېركۇليوز كېسىلىگە دىياگنوز قويۇش، داۋالاش تۈرى ئاساسىي داۋالىنىش سۇغۇرتىسىدىن چىقىم قىلىش دائىرىسىگە كىرگۈزۈلدى، ئامبۇلاتورىيەدە دىياگنوز قويۇش، داۋالاش ھەققىنىڭ ئەمەلىي ئاتچوت قىلىنىش نىسبىتى 100%، كېسەلخانىدا دىياگنوز قويۇش، داۋالاش ھەققىنىڭ ئەمەلىي ئاتچوت قىلىنىش نىسبىتى 90% بويىچە ئىجرا قىلىنىدۇ.

دوختۇرخانا ئەتراپىدىكى «قارا» قۇتقۇزۇش ئاپتوموبىللىرى جىددىي قۇتقۇزۇش ئاپتوموبىللىرى قىياپىتىگە كىرىۋېلىپ، ئاغرىقلارنىڭ ئۇچۇرىنى ئېلىپ - سېتىپ، ئاممىنىڭ مەنپەئىتىگە زىيان يەتكۈزدى، بۇنىڭغا ئاممىنىڭ ئىنكاسى كۈچلۈك بولدى. مەخسۇس تۈزەشتە ئۈرۈمچى شەھەرلىك سەھىيە - ساغلاملىق كومىتېتى شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى قاتناش ساقچىلىرى تارماق ئەترىتى بىلەن بىرلىشىپ، پۈتۈن شەھەردىكى 349 جىددىي قۇتقۇزۇش ئاپتوموبىلىنىڭ سىرتقى كۆرۈنۈشىگە قارىتا بەلگىنى بىرلىككە كەلتۈردى ھەم ئالاھىدە ئاپتوموبىل پەرقلەندۈرۈش كىنىشكا كارتىسى تارقاتتى. «120 ھۆكۈمەت تور بېكىتى ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ جىددىي قۇتقۇزۇش ئاپتوموبىلىنى پەرقلەندۈرۈش سۈپىسى تەسىس قىلدى، شەھەر ئاھالىلىرى ئاپتوموبىل نومۇر تاختىسى ئارقىلىق راست - يالغانلىقىنى سۈرۈشتۈرسە بولىدۇ.» ئۈرۈمچى شەھەرلىك سەھىيە - ساغلاملىق كومىتېتى سەھىيە جىددىي ئەھۋالغا تاقابىل تۇرۇش ۋە بىخەتەرلىكنى قوغداش باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشقارما باشلىقى گاۋ جيې مۇنداق تونۇشتۇردى: داۋالاش - سەھىيە تارماقلىرى «بىرنى باشقۇرۇش، بىرنى تارقاقلاشتۇرۇش» قاتارلىق تەدبىرلەر ئارقىلىق، «قارا» قۇتقۇزۇش ئاپتوموبىلى ھادىسىسىنى تۈپ يىلتىزىدىن تۈزەيدۇ ھەم ئۈنۈملۈك باشقۇرۇلىدىغان - كونترول قىلىنىدىغان قۇتقۇزۇش ئاپتوموبىلى مۇلازىمەت سىستېمىسى بەرپا قىلىش ئۈستىدە ئىزدىنىپ، قانۇنلۇق قۇتقۇزۇش ئاپتوموبىلى بازىرى مۇلازىمىتى ئارقىلىق قانۇنسىز «قارا قۇتقۇزۇش ئاپتوموبىلى» مۇلازىمىتىنى قوغلاپ چىقىرىپ، ئاغرىقلارنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرىدۇ.

شۇنىڭ بىلەن بىللە، باش تېما تەربىيەسىدە تەكشۈرۈپ - كۆزىتىپ چىقلىغان تېببىي ئەخلاق، تېببىي ئىستىل، تېببىي دورىلارنى سېتىۋېلىش - سېتىش، داۋالاش مۇلازىمىتى، داۋالاش مەمۇرىيىتىنى باشقۇرۇش قاتارلىق ئاغرىقلارنىڭ ئىنكاسى كۈچلۈك بولغان مەسىلىلەرگە قارىتا، ئاپتونوم رايوننىڭ داۋالاش - سەھىيە سىستېمىسى كۆپ قېتىم مەخسۇس يىغىن ئېچىپ تەتقىق قىلىپ، لايىھە تۈزۈپ مەخسۇس تۈزەشنى قانات يايدۇردى. ئاپتونوم رايونلۇق سەھىيە - ساغلاملىق كومىتېتى داۋالاش مەمۇرىيىتى، داۋالاشنى باشقۇرۇش باشقارمىسىنىڭ باشقارما باشلىقى فېڭ دۇڭ مۇنۇلارنى بىلدۈردى: داۋالاش - سەھىيە سىستېمىسى «داۋالاش - سەھىيە، كەسىپ ئىستىلى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشتىكى ‹توققۇزغا يول قويماسلىق›»نى قاتتىق ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، داۋالاش ئالدامچىلىقى، ساختا تەشۋىقات، قالايمىقان ھەق ئېلىش، سۇغۇرتا ئالدامچىلىقى قاتارلىق داۋالاشتىكى قالايمىقان ھادىسىلەرگە قاتتىق زەربە بېرىپ ۋە ئۇنى تۈزەپ، ساھە مۇھىتىنى ساپلاشتۇرىدۇ. پۇقرالارغا باش تېما تەربىيەسى بويىچە مەخسۇس تۈزەش ئېلىپ كەلگەن نەتىجە - ئۈنۈمنى ھېس قىلدۇرۇپ، پۇقرالارنىڭ كېسەل كۆرسىتىش، داۋالىنىش جەھەتتىكى ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسىنى كۈچەيتىدۇ.

# ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش ئايلىق كېڭىشىش سۆھبەت يىغىنى ئاچتى

(بېشى 1 - بەتتە)

يىغىنغا قاتناشقان ئەزالار، مۇتەخەسسىسلەر، ئاساسىي قاتلام سىياسىي كېڭەشتىكى يولداشلار چېگرا قوغدىغۇچىلار قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش، تەمىنات كاپالىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش، چېگرا رايوننى گۈللەندۈرۈپ، خەلقنى بېيىتىش ھەرىكىتىنى يولغا قويۇش قاتارلىق جەھەتلەردىن چارە - تەدبىر كۆرسەتتى. چېگرا مۇھاپىزەتچىلىرى ۋەكىللىرىدىن ما جۇنۇۋ، لاچىن بايئەكە چېگرا رايوننى قوغداش خىزمىتىگە بىرلەشتۈرۈپ تەسىرات سۆزلىدى ۋە تەكلىپ بەردى.

كۆپچىلىك مۇنداق قارىدى: يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە ھۆكۈمەت يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرى، بولۇپمۇ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەللىگە ھۇجۇم قىلىشنى چېگرا رايوننى كۈچەيتىش ۋە مۇداپىئەنى مۇستەھكەملەش بىلەن بىرلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، ئالاقىدار كاپالەتلەندۈرۈش تەدبىرلىرىنى ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، چېگرا رايوندىكى خەلقنىڭ خاتىرجەم تۇرالىشى، ساقلىيالىشى، بېيىيالىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى. كۆپچىلىك مۇنداق تەكلىپ بەردى: ئوقۇتۇش، تەربىيەلەشنى كۈچەيتىپ، چېگرا مۇھاپىزەتچىلىرىنىڭ ئىقتىدارى، ساپاسىنى ئۆستۈرۈش كېرەك؛ دەل جايىدا تەدبىر قوللىنىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەللىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە غەلىبە قىلىشقا كۈچ قوشۇش كېرەك؛ تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ، مۇنەۋۋەر تىپلارنى تەشۋىق قىلىش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، ياخشى كەيپىيات يارىتىپ، كەڭ چېگرا رايون خەلقىنىڭ ۋەتەننى سۆيۈش ھېسسىياتىنى يەنىمۇ قوزغىتىش كېرەك.

نۇرلان ئەبلمەجىن سۆزىدە مۇنداق كۆرسەتتى: قولۇلاش سالمىقىنى زورايتىپ، چېگرا رايوننى قوغداش ۋە مۇستەھكەملەش سىياسىتىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، خەلق تۇرمۇشىغا ئىزچىل كاپالەتلىك قىلىپ ۋە ياخشىلاپ، شارائىتقا قاراپ ئىش كۆرۈپ، چېگرا رايوننىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەللىگە ھۇجۇم قىلىش قەدىمىنى تېزلىتىپ، چېگرا رايون خەلقىنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسىنى ئۆزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، چېگرا رايوننى گۈللەندۈرۈپ، خەلقنى بېيىتىشنىڭ ياخشى نەتىجە - ئۈنۈمى ئارقىلىق، ھەر مىللەت كادىرلار، ئاممىنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇشتىكى قۇدرەتلىك ئاكتىپ كۈچىنى مۇجەسسەملەپ، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن تېخىمۇ زور تۆھپە قوشۇش كېرەك.

نۇرلان ئەبلمەجىن مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: بۇ قېتىمقى يىغىننى ياخشى ئېچىش ئۈچۈن، ئەزالار 1 - سەپكە چوڭقۇر چۆكۈپ ئەھۋال ئىگىلەپ، ئاساسىي قاتلامغا چوڭقۇر چۆكۈپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى چېگراغا جايلاشقان ناھىيە - شەھەرلەردە يۈزبەرگەن غايەت زور ئۆزگىرىشلەرنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىغا بولغان چۈشىنىشى، تونۇشىنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇردى، شۇ ئاساستا نۇرغۇن مول ئىجابىي پىكىر - تەكلىپلەرنى بېرىپ، چارە - تەدبىر كۆرسىتىش ۋە ئورتاق تونۇشنى مۇجەسسەملەشتىن ئىبارەت قوش يۆنىلىشلىك كۈچەيتە ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشتى. يىغىندا شەكىللەنگەن ئورتاق تونۇش ۋە پىكىر - تەكلىپلەرنى ۋاقتىدا جەملەپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە ھۆكۈمەتنىڭ تەدبىر بەلگىلەشتە پايدىلىنىشىغا يوللاپ بېرىش كېرەك.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، سىياسىي - قانۇن كومىتېتىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ جۈنجېڭ يىغىنغا كېلىپ پىكىر - تەكلىپلەرنى ئاڭلىدى.

ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ماغاۋ سېيىتقامزا، مۇئاۋىن رەئىس، قوشۇمچە باش كاتىپ جاڭ بو، مۇئاۋىن رەئىسلەردىن مۇتەللىپ ئوبۇل، ئىلھام سابىر يىغىنغا قاتناشتى. ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ما شيۇچېڭ باش تېمىلىق سۆز قىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم سىياسىي - قانۇن كومىتېتىنىڭ ئالاقىدار رەھبىرى يىغىنغا قاتناشقانلارنىڭ پىكىر - تەكلىپلىرىگە قايتما ئىنكاس قايتۇردى ۋە جاۋاب بەردى.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 - نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)